مۇھەممەد ئىمىن ھەزرەت

# رۇبائىي ۋە پارچىلار

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇھەممەد ئىمىن ھەزرەت

# رۇبائىي ۋە پارچىلار

ئىدىقۇت ئۇيغۇر نەشرىياتى

مۇھەممەد ئىمىن ھەزرەت

# رۇبائىي ۋە پارچىلار

ئىدىقۇت ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى

2004 - يىل 10 - ئاي

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قازاقۇ، تۈركمەن، ئەزەرى خەلقى،
گاز، نېفىت دېدىمۇ يۈزى كۈلىدۇ.
ئۇيغۇرغا سۆز ئاچساڭ گاز ۋە نېفىتتىن،
كۆزىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈلىدۇ.

* *

دۇنيا كەزدىم، كۈچلۈكلەرنى يۈگەنسىز كۆردۈم،
ئاجىزلارنىڭ باشلىرىنى بەدەنسىز كۆردۈم.
قولى قۇرال تۇتقان ئەلنىڭ ئەھۋالى باشقا،
ئۇيغۇرلارنى ۋەتىنىدە ۋەتەنسىز كۆردۈم.

* *

زۇلمەتكە بولغاچقا ئاداۋىتىمىز،
كېچىگە يۇلتۇزدەك تاراۋاتىمىز.
قەيەرگە بۇرۇلساق ئۆلۈم مارايدۇ،
ئۆلۈمنى ئۆلتۈرۈپ ياشاۋاتىمىز.

* *

بەدەل بەرمەي كەلمەس ئازاتلىق،
جەڭگە كەتتۇق ئوغۇل باللار.
ئارقىمىزدىن دۇئا قىلىڭلار،
يىغلىماڭلار ئۇيغۇر ئانىلار.

كىچە ئۇخلاپ، كۈندۈز يەپ،
ئۆتكۈزگەن ياز، قىشىڭ بار.
باشقا ئىشىڭ بولمىسا،
دۇنيادا نە ئىشىڭ بار.

* *

نەدە جاھالەت بىللە ساپالەت،
ھاكىم ئۇ يەردە مۇجمەل قاراشلار.
شانغا سازاۋەر تەقلىدى مايمۇن،
ئىزىلەر تەپەككۇر ئىگىسى باشلار.

* *

ھۇدۇقمىدىم ھاياتىمدا كۆپ قېتىم،
ئەزرائىلغا قارىمۇقارشى كەلگەندە.
تۇتالمىغان چاغلىرىم بار ئۆزۈمنى،
دوستنى دۈشمەن ئارىسىدا كۆرگەندە.

* *

قىزارماستىن قىزغاندىڭىزغۇ،
بىز تۇغۇلغان ۋەتەندىن بىزنى.
توسالمايسىز، ئەمدى ۋەتەن دەپ،
يولغا چىققان قەدەمدىن بىزنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

دۈشمەنلەر شەيتان بولدى، قېنىمىزغا ـ
كىردى ۋە داشقال كۆمدى ھولىمىزغا.
مەست قىلدى ئەقلىمىزنى، روھىمىزنى،
كەستۈردى بېشىمىزنى قولىمىزغا.

*　　*

قەھرىمانلار دۇنياغا كۆپ كەلمەيدۇ،
كەلگەنلىرى ئۆلۈمسىزدۇر، ئۆلمەيدۇ.
قەھرىمانلار پارچىلايدۇ دۈشمەننى،
ئۆز خەلقىنى جەم قىلىدۇ، بۆلمەيدۇ.

*　　*

سۈكۈت قىلساق تۈگەشتى دېمەك،
تۈگىتىشكە قادىر ئەمەسسىز.
ئىشلىرىنى تۈگەتمەي تۇرۇپ،
تۈگەيدىغان ئۇيغۇر ئەمەس بىز.

*　　*

ئۆمرۈمنى بىر ئۆمۈر قورشاۋغا ئالدى،
جاسارەت دۈشمىنى تاقەت ـ سەبىرلەر.
مەن يەنە ياشىدىم، مېنى ياشاتقان،
قەلبىمدە ياشىغان غايە ـ پىكىرلەر.

بەرگەن ئاق سۈتۈڭگە زارى بول ئانا،
مەن ئۈچۈن دۇئا قىل يولۇمغا قارا!
قايتمىسام قەبرەمنى ئىزدىمە، ئۆزۈڭ،
دەسسىگەن تۇپراقنىڭ ھىدىنى پۇرا!

*　　　*

سىز بىزدىن ۋەتەننى - يۇرتنى ئالدىڭىز،
ئالدىڭىز ھۆرلۈكنى، نېمىمىز قالدى؟
ئالدىڭىز بايلىقنى، ئىش ۋە ھوقۇقنى،
پەقەت سىز ئالمىغان دەردىمىز قالدى.

*　　　*

بۇلبۇل باغدا، بىلىق سۇدا راھەتلىنىدۇ،
ئاشىق - مەشۇق جەم بولسىلا ھەسرەت پۈتىدۇ.
ۋەتىنىڭنى سۆيگۈزمەيدۇ ۋەتەندە سېنى،
ۋەتىنىڭدە ۋەتەنسىز كۈن قانداق ئۆتىدۇ؟

*.　　　*

ھوقۇقنى تۇتماستا يۈگەن قىرغانلار،
ھوقۇقنى ئالدىمۇ يانتۇ يېتىغلىق.
ھەيرانلىق تۇتماڭلار بىقىپ ئۇلارغا،
ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاختا قىلىغلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

نامەرتلەر مەرتلىكتىن نۇتۇق ئاچىدۇ،
ئاخشام دېگىنىدىن سەھەر تانىدۇ.
ئالدىڭدا شەنىڭگە قوشاق قاتىدۇ،
ئەپ تاپسا ئارقاڭدىن سېنى ساتىدۇ.

*        *

خىيانەت ـ ھاياتنىڭ زوقى ئۇلارغا،
سېنى پۇل بىلىشەر، خەزلەر ئۇزۇلمە.
ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياشايمەن دېسەڭ،
ئىنسان بول، لېكىن ـ زە، ئىنسان كۆرۈنمە.

*        *

خىتايغا ئىشلىگەنلەردە نومۇس قالامدۇ؟
نومۇس بولسا خىتايلارغا خىزمەت قىلامدۇ؟
شەھىد بولدى مىليون ئۇيغۇر خىتايغا قارشى،
شەھىد يۇرتى ساتقىنلارغا ۋەتەن بولامدۇ؟

*        *

سۆزلەۋەرگەن سۆز دېمەك،
چايناۋەرگەن سېغىزدۇر.
ئاز سۆزلىگەن سۆز بولسا،
جەۋھەر ياكى مېغىزدۇر.

خامان سورىغۇچى شامالنى كۈتىدۇ،
شەپەرەڭ ئۇچۇشقا زاۋالنى كۈتىدۇ.
دۈشمەنلەر نەسلىمىزنى يوقاتماق ئۈچۈن،
غەرىپ مۇگدىگەن زاماننى كۈتىدۇ.

*  *

ۋەتەن سېنى دەپ سەندە ئۆلىمىز،
بارلىقىمىز سەن بولغان سەۋەبلىك.
سېنى دۈشمەنگە تارتقۇزۇپ قويۇپ،
سەندە ياشاشتىن ئۆلۈم شەرەپلىك.

*  *

بىرلىكتىن بىرىمىز ئون بولغان كۈنى،
تاڭ چەكسە ئونىمىز يۈز بولغان كۈنى.
يۇرتىمىز قەبرىستان بولمايدۇ بىزگە،
يۈزىمىز دۈشمەندەك بىر بولغان كۈنى.

*  *

ئىرسىيەتتىن بېشارەت ئەھلىڭنى سۆيمەك،
ئۆز ئەسلىڭگە ۋاپا قىلماق، نەسلىڭنى سۆيمەك.
ھەركىم نائىل بولالىغىدەك ئامەت ئەمەس بۇ،
ئۆز خەلقىڭدىن كۈلپەت كۆرۈپ خەلقىڭنى سۆيمەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىيىن بىزنىڭ ئىنقىلابىمىز،
دۈشمەن كۈچلۈك، قەبىھ ۋاستىلار.
تۇزاق قۇرۇپ ئارام بەرمەيدۇ،
ئىچىمىزدە نامەرت خۇمسىلار.

* *

قېرىنداشلار كۆچۈڭلارنى توپلاڭلار،
يىغلىماڭلار ۋاختى ئەمەس يىغلاشنىڭ.
ئۆلگىسىنى يارىتايلى ئەۋلادقا،
ئۆلۈپ تۇرۇپ يۇرتىمىزنى قوغداشنىڭ.

* *

ئىمانى بارغا ھاقارەت قىلماق،
كوممۇنىستلارنىڭ ئىمانسىزلىقى.
مۇسۇلمانلارنى دىنىدىن چىقارماق،
موللا - قارىنىڭ ساۋاتسىزلىقى.

* *

ۋەتىنىدىن ئۇزاق بەزى ۋەتەنپەرۋەرلەر،
دۈشمەننى ھېچ بىلمەيدۇ يا روھى كېسەللەر.
«خىتاي يۇرتنى تىنچ يولدىن بېرەر» دېگەنلەر،
خىيالىدا ئايغا چىقىپ مانتا يېگەنلەر.

بىر نەرسىمىز يوقاپ كەتسە ئىزدەپ كېتىمىز،
تاپالمساق ھەسرەت چېكىپ، تىت - تىت بولىمىز.
ۋەتەن بىلەن ھۆرلۈك بىزنىڭ يوقاتقىنىمىز،
ئۇنى تاپماي بىز قانداقچە تىنچ تۇرىمىز.

* *

مەدەنىي ئەل مۇنتىزىمدۇر،
ئۆز - ئۆزىگە ئېھتىرام بار.
نادان خەلق بىر توپ پادا،
نە نىزام بار، ئىنتىزام بار.

* *

مىللىي ھاياتنى قوغدىماق قىيىن،
دۆلىتى يوقلار دۆلەت قۇرمىسا.
پۇقرا قانۇننى تونىمىقى تەس،
ساقچىلار بىلەن تۈرمە بولمىسا.

* *

يارىتىش، يوقىتىش ئاللاھقا مەنسۇپ،
ئىنسانغا ئوخشىماق ئىنسانغا مەنسۇپ.
ۋەتەن ۋە مىللەتكە تۇيغۇسىز ياشاش،
ئادەم شەكلىدىكى ھايۋانغا مەنسۇپ.



بۈركۈت ھەر قىتئەدە ئوۋغا يارايدۇ،
قاغىلار چىرىگەن جەسەت ئىزدەيدۇ.
ھەسەتخور ھەر يەردە ھەسرەت چېكىدۇ،
قەھرىمان ھەر يەردە قېلىچ بىلەيدۇ.

* *

ئەزىمەت ئۇيغۇرلار كېتىۋاتىدۇ،
راھەتتىن ۋاز كېچىپ جىھاد تەرەپكە.
ئۇيغۇرنىڭ نامەرتى قېچىۋاتىدۇ،
خىتاينىڭ تەختى بار راھەت تەرەپكە.

* *

ھەسەتخورنى كور قىل خۇدايىم،
گۈزەللىكنى كۆزى كۆرمىسۇن.
باشقىلارنىڭ يۈكسىلىشلىرى،
يۈرىكىگە ئازاب بەرمىسۇن.

* *

خىتاي دەيدۇ، ئۇيغۇرلار بىز تەرەپتە،
بىز دەيمىزكى، ئېغىزدا سىز تەرەپتە.
ئەركىن تاللاش پەيتى بېرىلىك كۆرىمىز،
سىز تەرەپمۇ ۋە ياكى ئۆز تەرەپتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

مىللىتىمنىڭ يولباشچىسىز، تارقاق بولىشى،
ساتقىنلارنىڭ دۈشمەن بىلەن ئورتاق بولىشى.
ھەر دوقمۇشتا بۆرىلەرگە يەم قىلدى بىزنى،
زىيالىنىڭ توشقاندىنمۇ قورقاق بولىشى.

*　　*

ھەسەتخورنىڭ كۆزى ھەقنى كۆرمەيدۇ،
قاراڭغۇ قەلبىدە زەھەر قاينايدۇ.
خەلقى تەرىپىدىن كىمكى سۆيۈلسە،
ئۇنى بىر چىشلىمەي ئارام تاپمايدۇ.

*　　*

خەلقىڭگە سۆيگۈڭنى كەمەيتمىگىن ھېچ،
ئىت يۈرەك بىرنەچچە ئۇ بىئەدەپتىن.
سەن كىمسەن، ساناقسىز پەيغەمبىرىمىز،
ئۆلتۈرۈلمىدىمۇ قەۋمى تەرەپتىن.

*　　*

يۇرتىمىزنى بۆلگەنلەر،
خەلقىمىزنى ئەزگەنلەر.
ھەممىڭىزنىڭ قەبرى يوق،
تۆر تالىشىپ ئۆلگەنلەر.



مىڭ بىر تۈرلۈك ھىلە تۈزۈلدى،
بىزدىن بىزنى ئايرىماق ئۈچۈن.
بىز كۈرەشتۇق نەسلىدىن نەسىل،
بىزنى بىزگە باغلىماق ئۈچۈن.

*　　*

يۇرت ئىچىدە يۇرتۋازلىق تولا،
يۇرتنى يۇرتقا تالىتىپ قويدى.
يۇرتۇم ساڭا كەلدى كەلگۈلۈك،
سېنى سەندە ئۇخلىتىپ قويدى.

*　　*

بەزىلەر ئېرىقنى دەريا بىلىدۇ،
سۈيىدە ئۈزۈشتىن پەخىرلىنىدۇ.
دەريادا ئۈزۈشكە لايىق كۆپ كىشى،
ئۆستەڭنى كۆرەلمەي ئۆلۈپ كېتىدۇ.

*　　*

ئوت - چۆپلەرنى دورا دېمەڭلار،
ئوت - چۆپلەرنىڭ ئەۋزەللىكى يوق.
مەيدانسىزنى دوستۇم دېمەڭلار،
مەيدانسىزنىڭ تەۋەلىكى يوق.

مەن تەقۋادار دەپتىمەن سېنى،
ناماز قىلساڭ بەش ۋاخ قازاسىز.
مەسچىتلەردە مۇسۇلمان سېتىش،
تىجارەتمۇ ساڭا ئىمانسىز؟

*   *

تامچە تېمىپ تاشنى تىشىدۇ،
تامچىلاردىن دەريا تولىدۇ.
تامچىلارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىدىن،
تاغ غولاتقان دولقۇن تۇغىدۇ.

*   *

دۈشمەنگە ئۇ ئوقيا كەبى كەتتى، قادالدى،
ياش يىگىرمە، ئاتا - ئانا، نە يارغا قاندى.
ھاياتىنى بېغىشلىدى ئازاتلىق ئۈچۈن،
بىزدە شۆھرەت ئۇدۇنيادا جەننەت قازاندى.

*   *

ئۇيغۇر ئەرلەر ئېتىزلارنى تىلغاپلا ئۆتتى،
ياش يىگىتلەر تۈرمىدە جان قىيناپلا ئۆتتى.
يېتىم بالا، تۇل كېلىنىنىڭ كۆزلىرى يولدا،
ئاھ، ئانىلار كېچە - كۈندۈز يىغلاپلا ئۆتتى.



ئىنسان تۇرۇپ، ئىنسانغا يات خۇيدىن زوق ئالدۇق،
ئىچىمىزدە گاھ تالىدۇق، گاھى تالاندۇق.
بىر - بىرىنى ئۇپىراتقان تۈگمەن تېشىدەك،
ھەسەتلىشىپ سۈرتۈشمەكتىن نېمە قازاندۇق؟

*   *

دەرد چەكمىگەن ھېچ بىلەلمەس،
تەشنالىقنىڭ دەردى چەكسىز.
ئايرىلىشقا چىدىماق تەس،
مەن ۋەتەنسىز، ۋەتەن مەنسىز.

*   *

بەزىلەر بار ھەر سورۇنغا يولۇقىدۇ،
پايدا دېسە ئەس - ھۇشىنى يوقىتىدۇ.
بىلىم ئۈچۈن پالاق تۇخۇم ئەقلى ئەمما،
ھىلە دېسە شەيتانىنىمۇ ئوقىتىدۇ.

*   *

ئىيسانى كىرىست تاختىغا مىخلىغان ھەسەت،
رەسۇلۇللاھنى مەككىسىدىن قوغلىغان ھەسەت.
نادانلارنى نادانلىقتىن قۇتقازغۇچىغا،
نادانلارچە ئورا - توزاق كولىغان ھەسەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سوتسىيالىزمدا زۇلۇم قويندا ياشدۇق،
ئىنسان تۇرۇقلۇق هايۋان ئورنىدا ياشدۇق.
پۈتۈن هاياتىمىز ئەنسىزلىك ئىچىدە،
دۆلەت نامى بار كاتتا تۈرمىدە ياشدۇق.

* *

ۋەتەندە مەن دەيسەن، ئەمما سەن ۋەتەنسىز،
ياشايسەن ئۆز يۇرتۇڭدا هوقۇقسىز، يەرسىز.
باسقۇنچىغا بايلىق بىلەن زېمىن ئەلا،
ئۈستىدىكى ئىنسانلىرى ئەهمىيەتسىز.

* *

ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ساڭا كېلىمەن،
ئىختىيارىم مەندە ئەمەس قانداق قىلىمەن.
كېچىلىرى چۈشۈمدە سەن، كۈندۈز ئويۇمدا،
شۇنداق مىليون پەرزەنتىڭدىن پەقەت بىرىمەن.

* *

كۆپلەر دەيدۇ؛ سۈپەتسىزلىك،
ئاڭسىز ئەلنىڭ ئىچىدە بار.
مەنچە؛ كېسەل ياكى خىسلەت،
مىللەتلەرنىڭ قېنىدا بار.



بىر يولباشچى كەلسە بىزنىڭ بېشىمىزغا،
مۇمكىن بولسا جىلى قىلىپ ئۆلتۈرىمىز.
ئۆلتۈرسەكمۇ ئۆلمىگەننى پىتنە بىلەن،
بەش تىيىنغا ئۆتمەس هالغا كەلتۈرىمىز.

* *

شەرقچە رىقابەت - هەسەت دېمەكتۇر،
غەربچە مەنىسى - ئىلگىرىلىمەكتۇر.
بىرىنىڭ مەقستى ئىنساننى يېمەك،
بىرىنىڭ دۇنيانى تىزگىنلىمەكتۇر.

* *

ئۆلگەن كىشى يىغلىغانغا تىرىلمەيدۇ،
مۇستەقىللىق يالۋارغانغا بېرىلمەيدۇ.
تارىخلاردىن سان - ساناقسىز مىساللار بار،
زالىم تۈزۈم قان كۆرمەستىن تۈزەلمەيدۇ.

* *

پۇرسەتپەرەس پۇرسەتلەردە يېتىلىدۇ،
ئىنقىلابقا پۇرسەت كۈتۈپ قېتىلىدۇ.
ئېغىر كۈندە ئازغۇنلارنى ئەگەشتۈرۈپ،
بايراقدارغا غالجىر ئىتتەك ئېتىلىدۇ.

موللاچاقلار دىندا ئىستەر زوراۋانلىقنى،
دىندىن چىقىپ، دىن كۆرسىتەر خۇراپاتلىقنى.
مۇستەقىللىق ئىستىگەننى مۇشرىك سانايدۇ،
مۇسۇلماندىن قىزغىنىدۇ مۇسۇلمانلىقنى.

* *

دىنسىز تۇرۇپ ئۆزىمىزنى مۇسۇلمان دەيمىز،
مۇسۇلماننىڭ غېمى ئەمەس، ھەققىنى يەيمىز.
مۇسۇلماننى قۇتقۇزۇشقا چىقتىمۇ بىرسى،
جەم بولىمىز، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈم تىلەيمىز.

* *

مۆمىنلەر يېڭى دۇنيا ياراتقانتى،
پەيغەمبەر خەلىپىلىكى قۇرۇلغاندا.
مۇسۇلمان يارىتىدۇ دەۋىر يەنە،
پاساتچى موللىلاردىن قۇتۇلغاندا.

* *

ئېتىز ئۈچۈن تالمايدىغان بىلەك ئەلا،
جىھات ئۈچۈن ئىمان بىلەن يۈرەك ئەلا.
ۋەتىنىگە خەيرى كەلمەس ئىنسانلاردىن،
ئۇ ۋەتەندە ئۆسكەن بىر تال تىرەك ئەلا.



سىلەرگە بىر ئىلتىماسىم بار،
ئەي، قەدىردان ئۇيغۇر ئانىلار.
(قىزلىرىڭلار ئەلۋەتتە گۈزەل،)
ئوغۇللارنى قورقماس تۇغۇڭلار!

* *

بېلىق ئۈچۈن قانچىلىك پاجىئە،
سۇدا سۇغا تەشنا قىلىنماق؟
خەلقىمىزگە ئۇۋال ئەمەسمۇ،
ۋەتىنىدە ۋەتەنسىز قالماق؟

* *

ئايال تۇرۇپ يىگىت كەبى مەردانە چىقتى،
ۋەتەن ئەھلى قەھرىمانغا پەرۋانە چىقتى.
ئەر كۆرۈنگەن نامەرتلەرنى يەرگە قارىتىپ،
تۇرمىدىمۇ ئاجىزلارغا غەمخانە چىقتى.

* *

شەھەرلىرىڭ ئاۋاتلاشتى ھەيرانە قالدىڭ،
ئۇنى ئاۋات ئەيلىگەنگە مەستانە قالدىڭ.
ئاخشامقى ئاچ بۈگۈن باي، سەن ۋەيرانە قالدىڭ،
ئويلا! نىچۈن يۇرتۇڭدا سەن دىۋانە قالدىڭ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com

بىرىنچى ئىنسانلىق، ئىككىنچى مىللەت،
ئۆزگىنى سۆيەيلى، ئۆزىمىزنىمۇ.
ئۆزىمىزدىن باشقىنى كاپىر دېسەك،
زىيان ئۆزىمىزگە، دىنىمىزگىمۇ.

* *

تارىختا مىللەتنىڭ بېشى دائىم ئاغرىقتا ئۆتتى،
بەزەن بەختى قارا، قولى تارلىقتا ئۆتتى.
خەلقنىڭ سەركەردىلىرى توقلۇقتىن ئۇزاق،
بىلىم ئەھلى زامان، زامان خارلىقتا ئۆتتى.

* *

ئاھ، مىللىتىم بەزەن سېنى سۆكۈپ كېتىمەن،
سۆكۈت قىلساڭ بەزەن ئۈمىد ئۈزۈپ كېتىمەن.
قۇم - بوراندا توغراق كەبى ياشىنىغىنىڭنى،
ئويلىساملا ئىپتىخارغا چۆمۈپ كېتىمەن.

* *

بېشىڭلاردىن ئۆتكەن كۈننى ئۇنتۇپ قالماڭلار،
كەلسە پۇرسەت ئىنتىقامچى خەلق بولماڭلار.
كۈن كېلىدۇ بۇ يۇرت تەكرار دۆلەت بولىدۇ،
سىلەر باشقا مىللەتلەرگە زۇلۇم قىلماڭلار.



بىلگىنىكى ئورتاقلىق - دېڭىزدا كېمە،
كېمىدە ئورتاقنى جۆندەيمەن دېمە.
سەپەردە ھەمكارلىق، ئىناقلىق ئەلا،
ساق قالماس ھېچبىرى، ئۆرۈلسە كېمە.

* *

خەلق بار ۋەتىنىگە مۇھەببىتى يوق،
ئىچىدە ئۆزئارا ساداقىتى يوق.
بىرلىككە ئېتىبار بەرمىگەن ئەلنىڭ،
ئازادلىق ئېلىشقا لاياقىتى يوق.

* *

ئادەملەرنى كۆرگەن يەردە باھالىماڭلار،
كۆڭلۈڭلەرگە ياقمىغاننى يامانلىماڭلار.
تېرىقچىلىك مەنپەت ئۈچۈن بىر - بىرىڭلارنى،
ياراتقاننى بىزار قىلىپ، ئازارلىماڭلار.

* *

قاششاقلىقتا ھاياسىز تولا،
نادانلىقتا ساپاسىز تولا.
مەزلۇم خەلق يوقسۇل كېلىدۇ،
موھتاجلىقتا ۋاپاسىز تولا.

يولىمىز ئويمانلىقتۇر، داۋانلىقتۇر.
غايىمىز مۇستەقىللىق، ئازادلىقتۇر.
بىز ئۈچۈن خەتەرلىكى، سېپىمىزنى
ئىچىدىن بۇزغان ئاسى ـ مۇناپىقتۇر.

*　　　*

تاشتىن گۆھەر ئالسا باشقىلار،
مازاق قىلىپ ئازار بەرمەڭلار.
ئىشلىگەنگە ئىمكان بېرىڭلار،
كېچە ـ كۈندۈز قاۋاۋەرمەڭلار.

*　　　*

توخۇغا باستۇرما ئۆدەك تۇخۇمى،
چۈجىسى سۇ كۆرسە ئۈزۈپ كېتىدۇ.
ئاسلىق خۇيىنى بىلمەي، توخۇنىڭ
ئانىلىق يۈرىكى پەريات ئېتىدۇ.

*　　　*

الانت دېگەن بىر ئوق مىسالى،
سللىتىگە تەۋە بولمىسا.
اتار ئۇنى قورال ئىگىسى،
ىشان ئېلىپ كىمنى خالىسا.



مال ساتقاندا خېرىدارنىڭ ئىمكانىغا باق،
مال ئالغاندا يانچۇغۇڭنىڭ دەرمانىغا باق.
ئۇنۇتمىغىن سۆزۈك سۇلار تازا بۇلاقتا،
ئاغىنەڭنى تاللىغاندا ۋىژدانىغا باق.

*　　　*

دىققەت قىل! بۇ يەردە ھەر بەندىلەر بار،
پۇتۇڭغا پۇتلىشار چۇپرەندىلەر بار.
پۇل دېسە يۇرت تۇگۇل خوتۇنىنىمۇ،
خەجلەشكە ئۆگەنگەن شەرمەندىلەر بار.

*　　　*

دېمەي دەيمەن ئىچىمگە دەرد پاتمايدۇ،
سەندەك نامەرت يەر يۈزىدە بولمايدۇ.
پۈتۈن دۇنيا تۈز كورلىرى بىرلىشىپ،
سايلام قىلسا سېنى رەئىس سايلايدۇ.

*　　　*

ئېيتقىنا، ئەي ئادەم سۈپەتلىك ئېشەك،
سېنىڭ بۇ قىلغىنىڭ ئىنسانچىلىقمۇ.
شەھىدلەر جان بىلەن قوغدىغان سىرنىڭ،
قىممىتى بىر تەخسە لەغمەنچىلىكمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۇرمىدە ئۆلگەن كۆپ، تالا بىلمەيدۇ،
مەھبۇسقا گۇندىپاي رەھىم قىلمايدۇ.
سىمىت كامىردا ئىششىپ كېتىمىز،
«پارتىيە مېھرىدا سەمرىدى» دەيدۇ.

* *

چۇيداگۇيىدا تاللىنىدۇ شۇنداق ئادەملەر،
ئۇيغۇرلاردىن بىزگە رەھبەر بولىدىغانلار.
قورسىقىنىڭ تويغان ياكى تويمىغىنىنى،
قورسىقىنى بېسىپ بېقىپ بىلىدىغانلار.

* *

پېيجىڭنىڭ بىزگە ئېغىر خۇلىگەرلىكى بار،
وزەكنى تاپسا قاتتىق زومىگەرلىكى بار.
كۇچلۇكلەرنى كۆرسە قۇيرۇق شىپاڭشىتىدۇ،
نەرىقچە ساختا كۇلكە - ھىلىگەرلىكى بار.

* *

ەسەتتىن كۆزلىرىڭ ئۇينايدۇ سېنىڭ،
تنىسىز بىر كۇنۇڭ بولمايدۇ سېنىڭ.
زۇگدىن ئارتۇقراق بىرسىنى كۆرسەڭ،
چىڭدە مىڭ توگگۇز قۇترايدۇ سېنىڭ.



راست «ئىچى يامانىنىڭ كۆڭلى خوش بولماس»،
سەن بىلەن ئېتىشار جەھلى چىققۇچە.
ھەر ئىشنىڭ شاھىدى زامان، سەبرى قىل،
«موزاينىڭ يۇگرىشى سامانلىققىچە».

* *

مىللەت دېسە سايرايدىغان بۇلبۇل ئىدىڭىز،
مىللەت ئۇچۇن جان بەرگەننى ئاخماق دېدىڭىز.
بىز بىلمىز، توخۇ يۇرەك سولتەك زىيالى،
ئەسلىدىنلا قېنى بۇزۇق بەدبەخت ئىدىڭىز.

* *

ھەر دۆلەتكە كەتتۇق، تارالدۇق،
بارغان يەردە پىتنە تاراتتۇق.
ئەسلى دۇشمەن بىر چەتتە قالدى،
ئىچىمىزدە دۇشمەن ياراتتۇق.

* *

كۇن بويى ئاچ ئۇلار يېگىلى نان يوق،
غەيۇەتنىڭ زوقىدىن ئىشقا زامان يوق.
ئىشلەشتىن خارلىقنى شەرەپ بىلىدۇ،
مۇسۇلمان شەكلى بار، ئەمما ئىمان يوق.

سۇخەنچىگە دىققەت قىلىڭلار،
مۇناپىققا نەپرەت ئېتىڭلار.
ەيۋەت بولغان ئۇلتۇرۇشلاردىن،
ەشنى قېقىپ چىقىپ كېتىڭلار.

* *

چى يامان ھەسەتخور كېلىدۇ،
وغرى گۇمانخور، ھورۇن تاماخور.
ۇناپىقلار پىتنىخور كېلىدۇ،
شەم جېدەلخور، نامەرت قەسەمخور.

* *

ن دېگەن ئىمان ۋە ھىدايەت ئىشى،
ندىنىڭ ئاللاھقا ساداقەت ئىشى.
لەر نامازنى ئادەت بىلىدۇ،
جىنى سانايدۇ ئىناۋەت ئىشى.

* *

اندىن يۈگەن سالدۇق نەپسىمىزگە،
ئاندىن مۇھۇر باستۇق ئەھدىمىزگە.
ۇلۇم ياكى ھۆرلۈك قالدۇرمايمىز،
لۇقنى مىراس قىلىپ نەسلىمىزگە.



«ئى، مۆمىنلەر! ئەھدىلەرگە ۋاپا قىلىڭلار»
مائىدە سۈرىسى 1- ئايەت.
ساغلىق بىلەن ۋاقتىڭلارنى پۇرسەت بىلىڭلار،
ئۆم بولۇڭلار، كۈچلىنىڭلار، روناق تېپىڭلار.
گۈزەل ئەخلاق پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتى بىزگە،
«ئى، مۆمىنلەر! ئەھدىلەرگە ۋاپا قىلىڭلار».

* *

مۇجاھىتلار ئادىتىنى ئۆزلەشتۈرەيلى،
قېرىنداشنى بىر - بىرىگە ئەپلەشتۈرەيلى.
چار يىلاننى كۆرگەن يەردە ئۆلتۈرۈش ساۋاپ،
خائىنلارنى گۆرلىرىگە يەرلەشتۈرەيلى!

* *

جىھاد! دېدى ئالىم، قۇرئان تەپسىرى قىلدى،
ئىمان كۈچى يۈرەكلەردە زىلزىلە قىلدى.
جەڭگە كىرىپ جەڭدە ئەسىر چۈشسە مۇجاھىد،
مۇجاھىدنى مۇناپىقلار مەسخىرە قىلدى.

* *

داۋامىمسەن ھاياتىمنىڭ ئۈسۈپ ئوغلۇم مىنىڭدەك بول،
ۋەتەن سۆيگەن خەلق ئوغلى سادىر پالۋاندەك بول.
شەھىد قەبرى بۇ تۇپراقلار، بەدەلسىز بولمىغاي ھۆرلۈك،
بىرى مىڭگە تېتىپ كەلگەن قاپقاسلىق چېچەندەك بول.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۆلۈمدىن توشقاندەك ئۈركۈپ قاچىسەن،
قورققانلار بەش يۈز يىل ياشىيالامدۇ.
جان بەرگەن ئاللاھقا ئىشەنمىگەنلەر،
ئۆزىنى مۇسۇلمان ئاتىيالامدۇ ؟

* *

كۈندە هاراق ئىچىپ سەسكەنمەيسىلەر،
ئىچمىگىن دېدىمۇ ئەزۋەلەيسىلەر.
ئاللاھقۇ ئۇنتۇلدى، ئاللاھ ياراتقان،
جېنىڭلارنى نىچۈن كۆزلىمەيسىلەر؟

* *

نۇرغۇنلار باي بولدى سودا قىلىپلا،
ئائىلە ئۇنتۇلدى دۇنيا كۆرۈپلا.
پۇل تاپقان سودىگەر مودا ياراتتى،
خوتۇننىڭ ئۈستىگە خوتۇن ئېلىپلا.

* *

تۆهمەت دىنىمىزدا بەك يامان گۇناھ،
يوق يەردىن خەققە تۆهمەت چاپلىماڭلار.
يۇسىمۇ قارا يۇڭنى قارا قالار،
ئارغىنا پۇلنى كۆرۈپ ئاقلىماڭلار.



كۈچلۈك بول، كۈچلۈكلۈكنىڭ خاسىيىتى،
يېقىنلار دوستلىقىڭغا ئىنتىلىدۇ،
ئاجىزلار سايىدايدۇ هىمايەڭدە،
دۈشمەنلەر دۈشمەنلىكتىن چېكىنىدۇ.

* *

ماشىنىنىڭ بىر رولى بار بىر شوپۇر يېتەر،
نۆۋەتلىشىپ هەيدىسىغۇ كۆڭۈللۈك سەپەر.
ئىككى شوپۇر رول تالاشسا ئەينى ئان ئەگەر،
يولۇچىنىڭ هاياتىدا باشلايدۇ خەتەر.

* *

هازىرلانغىن هەر ئىشقا ئالدىن،
ئاپلا، ئۇنتۇپ قاپتىمەن دېمە.
جەڭگە كىرسەڭ ئوقۇڭ بولمىسا،
ئاپتوماتىنىڭ پايدىسى نېمە.

* *

بورانلار شىددىتى بۈركۈتكە ياخشى،
پاشىلار تولپارنى تېرىكتۈرەلمەس.
ئاللاھ يار - يۆلەكتۇر ئەزىمەتلەرگە،
ئاسىلار يولىدىن زېرىكتۈرەلمەس.

بىنەملەرگە يامغۇر ياغسا شاتلانمىغان يوق،
يامغۇر تۆككەن بۇلۇتلارنى خاتىرلىگەن يوق.
بىر ئازغىنا كۈن نۇرنى توستىمۇ بۇلۇت،
بۇلۇتلارغا كۇپۇر - قاغىش ياغدۇرمىغان يوق.

* *

ۋەتەن كەتتى، پۇل - بايلىق كەتتى،
ۋەتەن كەتتى، ئازادلىق كەتتى.
ۋەتەن كەتتى، شان - شەرەپ كەتتى،
ۋەتەن كەتتى، ئامانلىق كەتتى.

* *

نىچۈن مۇستەقىللىق، ئازادلىق دەيمىز؛
مىللەت ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولىدۇ؛
بايلىقلار بەدەلسىز ئاقمايدۇ سىرتقا؛
ھەر پۇقرا بايلىقتىن مەنپەت ئالىدۇ.

* *

باغلانغان ئىت زەنجىردىن زىرىكىدۇ،
قۇچقاچ ھەتتا قەپەزدە تىرىكىدۇ.
ئىنسان بىز، ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قالساق،
تەبىئىكى دىلدا نەپرەت بىرىكىدۇ.



كوندۇزى ساداسىز كۇچا ئىتلىرى،
ئېتىۋارسىز قىلىشىدىن سىقىلىدۇ.
قاۋايدۇ، قاۋايدۇ... ئىنتىقامنى،
كېچە جىمجىتلىقىدىن چىقىرىدۇ.

* *

دۇنيا كۆرۈك، ئىنسان يولچى ئۆتۈپ كېتىدۇ،
بىرى راھەت، بىرى جاپا كۆرۈپ كېتىدۇ.
دەرس ئالماس خام سۇت ئەمگەن ئادەم بالىسى،
قاخشىغانمۇ، قاخشاتقانمۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ.

* *

بىزنى دۈشمەن كۆزگە ئىلمىدى،
ھەققىمىزنى كۆرۈشمەك ئۈچۈن.
قەدەم باستۇق تىنچسىز يولغا،
تىنچلىقتا ئېرىشمەك ئۈچۈن.

* *

كۆزۈڭدە ئېپتىخار باقتىڭ شەھەرگە،
ئۆرۈمچى مىسلىسىز يۈكسەلدى دېدىڭ.
راست دەيسەن ئەمما سەن غورۇرلانغۇدەك،
قايسى ئۆي، قايسى بىر ماشىنا سېنىڭ؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يۇرتۇمدا جازا بار «ئەھە» دېگەنگە،
ئىنسانلار ئۆزگەردى، بولدى كۆلەڭگە.
قارىساڭ ئىنساندەك قىمىلدىشىدۇ،
ئۇلاردا سادا يوق، ئۇلار كۆلەڭگە.

*     *

ئەگرىگە توغرا بولۇپ كۆرۈنمەك تەس،
توغرىنى ئاڭا توغرا دېگۈزمەك تەس.
ھەر كىشى ئۆز - ئۆزىگە «داھى» بىزدە،
ھەممىدىن «داھى»غا گەپ يېگۈزمەك تەس.

*     *

ئاللاھ ياراتتى ئېزىز قىلىپ بىزنى،
ئۆزىمىز كەمستىمىز ئۆزىمىزنى.
تىلىمىز يارىلايدۇ دىلىمىزنى،
قولىمىز كاچاتلايدۇ يۈزىمىزنى.

*     *

مەرت يىگىت ئۆلۈمگە قىلمايدۇ پىسەنت،
ئەجەلدىن سۆزلەشمە قورقۇنچاق بىلەن.
ئۆلۈمنى قوغلىغان قەھرىمان ئۈچۈن،
ياكى توپ، يا توخۇم يەر شارى دېگەن.



سادا سىز خەلقنىڭ ساداسى ئەزىمەت،
دەرمانسىز دىللارنىڭ دۇئاسى ئەزىمەت.
پوپوزا - ھەيۋىگە تۆكى تەۋرىمەس،
شەھىتلەر خەنجىرى - قىساسى ئەزىمەت.

*     *

جاي سېلىشنى خەنزۇلارغا بولايسەن بەلەن،
ۋاقتىڭ ئۆتەر كوچىدىلا قۇرۇق پو بىلەن.
شۇ ئاندا سەن يوقسۇل ساڭا ئىشلىگەنلەردىن،
ئۆزۈڭگە كەل، خەنزۇلاردەك ئىشلەشنى ئۆگەن.

*     *

سودىگەردە پايدا - نەپ،
زىيالىدا قۇرۇق گەپ.
ھال سورىساڭ دېھقاندىن،
ئۇھ تارتىدۇ ھەسرەت يەپ.

*     *

ئىنسانغا ئەنئەنە ئائىلە بولۇش،
شەرتتۇر مىللەتكە ھاكىمىيەت قۇرۇش.
دۆلەت تەشكىللاتى بولمىغان خەلق،
غاپىل بىر پادىدۇر، يا ماكانسىز قۇش.

ئەزىيەت دېگىنىدىن ئۆزۈپ ئۆتتۈك،
دۇنياغا مىڭ كېلىپ، مىڭ ئۆلۈپ ئۆتتۈك.
مىللىتىم ئۇ ئالەمدە جەننەتلىك سەن،
دوزاخقا بۇ ئالەمدە تويۇپ ئۆتتۈك.

*　　*

قانىتى قىرقىلغان كەپتەرلەرگە باق،
ئۇچۇدۇ ئەمما پەرۋاز قىلالمايدۇ.
ئەركىدىن مەھرۇم مىللەت ئارىسىدا،
ئەقىللىق چىقار، تالانت چىقالمايدۇ.

*　　*

ۋەتەنىنىڭ ھەر يېرى ئىزسىز قەبرىلەر،
شەھىدلەر دىللاردا قەبرىسىز ئەمەس.
سۆكۈتتا قالسا يۇرت ئەل بولدى دېمەك،
يىگىتلەر ئۆلسىمۇ يىگىتلىك ئۆلمەس.

*　　*

ھەر يەردە دۈشمەنىنىڭ قولاقلىرى بار،
تەھدىدى، قەستى بار، توزاقلىرى بار.
ئۆلۈمگە يۈگۈرسەك ساراڭ دېمەڭلار،
يۈرەكتە ۋەتەنىنىڭ پىراقلىرى بار.



چەۋەندازدى ئەجدادلىرىمىز،
بىز نەسىللەر كەپتەرۋاز بولدۇق.
يىلدىن يىلغا چۈشتى سورتىمىز،
سامىنى كۆپ، دىنى ئاز بولدۇق.

*　　*

پاتۇرۇلدى يۇرتىمىزدا،
كۆپلىگەن ئايلار، قۇياشلار.
مىندۇرۇلدى ئاي، قۇياشقا،
بىئەقىل دەلتە - سولاشلار.

*　　*

يۇرتتا ھەر كۈن يېڭى توزاق ئېچىلىدۇ،
ئېزىز خەلقىم بۆلىنىدۇ، چېچىلىدۇ.
ئويلاڭلار ئەي، شەھىد نەسلى ئەزىمەتلەر،
بىزدىن باشقا بىزلەرگە كىم ئېچىنىدۇ؟!

*　　*

يارىلىشتىن قېرىنداشتۇر ئىنسانلار،
يۈرەكلەردە دۈشمەنلىكنىڭ ئەسلى يوق.
ھېس - تۇيغۇدىن ئۇزاق بىراق سىياسەت،
دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتى بار، دوستى يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۆيۈلۈشتىن سۆيۈشنى بىلدۇق،
سۈرۈلۈشتىن سۈرۈشنى بىلدۇق.
ھەر نەرسىنى ھايات ئۆگەتتى،
يېڭىلىشتىن يېڭىشنى بىلدۇق.

*

مۇستەقىل ئەللەرنىڭ بەختىگە بېقىڭ،
كېلەچەك دۇنيانىڭ ۋەسلىگە بېقىڭ.
ئۇيغۇرنى يۇرتىدا يوقاتماق ئىشى،
خىتاينىڭ شەپقەتسىز قەستىگە بېقىڭ.

*

خىتاي[1] بىزگە زۇلۇم ئىستەر، ئۆزلىرىگە ئادالەت،
نە كۈلۈشكە ئىمكان بىرەر، نە يىغلاشقا ئىجازەت.
ھەر كۈن يېڭى ئاھانەتلەر، بىزگە قارشى جىنايەت،
جىنايەتنىڭ ئۇيغۇرچىسى «ئۇيغۇرلارغا شاپائەت».

*

يۇرتىمىزدا خائىن دەۋران سۈرىۋاتىدۇ،
مۇسىۋەتتە مىللەت، خائىن كۈلىۋاتىدۇ.
خائىنلارنى ئۆلتۈرمىگەن قىران يىگىتلەر،
خائىنلارنىڭ قوللىرىدا ئۆلىۋاتىدۇ.

[1] شېئىرلاردىكى «خىتاي» سۆزىدە جۇڭگو ھاكىمىيىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ - ت پتور.



قەبىلە ئېڭىنىڭ ئەسىرى بۇ ئەل،
مىللەت سەۋىيىسىگە يېتىدۇ بىر كۈن.
يۈرەكنى يۈرەكتىن ئايرىغان كىرلەر،
ئاشۇ چاغ يۇيۇلۇپ كېتىدۇ بىر كۈن.

*

بۇ يۇرت بىزنىڭ، بىزنىڭكى دەپ تۇۋلىغانمۇ بىز،
يۇرتىمىزنى قوغدىغاننى قوغلىغانمۇ بىز.
يۇرت سۇ يەرنى تۇتۇۋېلىپ يۇرت دۈشمەنلىرى،
ئەمىر بەرسە ئۇلارغا گۆر كولىغانمۇ بىز.

*

جاھالەتمۇ يوقسۇللۇقتىن تۇغۇلىدۇ؟
يوقسۇللارمۇ جاھالەتتە بوغۇلىدۇ؟
قۇتقاز رەببىم ھەر ئىككىسىدىن بىزلەرنى،
قۇتقازمىساڭ بۇ مىللىتىم يوقىلىدۇ.

*

مەھبۇسلارنىڭ قامۇسى سەبىر،
ھەر ئىجادنىڭ ھامىسى سەبىر.
ئەسەبىنىڭ دورىسى سەبىر،
چارىسىزنىڭ چارىسى سەبىر.

دۇنيا بۇ ھاياتلىق ھايات سۈرىدۇ،
بىرى تۇغۇلىدۇ، بىرى ئۆلىدۇ.
تۇغۇلغان نە كۆرەر؟! ئۆلگەنگە بولسا،
بىرى ياش تۆكىدۇ، بىرى كۈلىدۇ.

*　　　　*

توي، نەزىر ھەر يەردە ئەزان چىقسىلا،
نامازغا بەسلىشىپ سەپكە تۇرىمىز.
مەسىلە مەنپەئەت بولدىمۇ ئەمما،
مۇسۇلمان كۆرۈنگەن شەيتان بولىمىز.

*　　　　*

ئاللاھ سېنىڭ كۆڭلىنىڭ نۇرى،
نى - نى ئۇزاق يەرگە يېتىدۇ.
بىزگىمۇ بەر، بىزنىڭ دۇئايىمىز،
سەندىن باشقا كىمگە يېتىدۇ؟!

*　　　　*

ئىنسانلار بار، ئىنسانلارغا پەنجە ئاتىدۇ،
پايدا كۆرسە كۆز يېشىدا كۈلۈپ ئاقىدۇ.
ئۆلگىنىدە ئۇلارمۇ بىر گۆردە ياتىدۇ،
پۇلغا تويماس كۆزلىرىگە توپا پاتىدۇ.



بىز جەڭگاھتا ئىلگىرىلىگەندە،
نەدە ئىدىڭلار توخۇ يۈرەكلەر؟
بوشۇتۇڭلار كارۋان يولىنى،
پۇتلاشماڭلار ئۇششاق - چۈشەكلەر.

*　　　　*

ھورۇنلۇقنى ئەلا كۆرۈپ،
ئۆزۈڭلارنى خار قىلماڭلار.
ھەقىقەتكە باقمايمەن دەپ،
كۆزۈڭلارنى كور قىلماڭلار.

*　　　　*

قانۇن بار فىزىكىدا مۇنتىزىم،
كۈچ، چېكىم مەركىزىدە توپلىنىدۇ.
كۈچلۈكلەر قۇرىدۇ سوت مەھكىمىنى،
سوتلاردا ئاجىزلارلا سوتلىنىدۇ.

*　　　　*

دوستلار دەيدۇ: «تىنچ تۇرۇڭلار،
خىتاي بىر كۈن يۇرتنى بېرىدۇ.»
بىز ئەممەيمىز بۇ ئىمىزگىنى،
ئالتە ئايلىق بوۋاق ئىمىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

ئۇلۇغ مىللىتىمىزدۇر ياراتقۇچىسى،
تەنتەنىلىك توي قىلىش ئادىتىمىزنىڭ.
بۇ ئادەت يۈكسىلىپ تاپقانچە راۋاج،
كىكىردىكىنى بوغماقتا مىللىتىمىزنىڭ.

* *

ئۆزئارا نەپرەت چېچىپ ئۇرۇشماقلار،
خىتايچە تۇزاقلارنى قۇرۇشماقلار.
مىللەتتىن ئۆگىنىڭلار بىر ئاز ئەدەپ،
مىللەتنىڭ باشچىسىدەك تۇرۇشماقلار.

* *

يۈرىكى بوشنىڭ يانچۇقى بوش تۇرىدۇ،
يانچۇقى قېلىنىنىڭ دوستى قوش تۇرىدۇ.
ئىچى يامان ئۆز گۆشىنى يەپ تۇرىدۇ،
كۆڭلى كەڭ بولغانىنىڭ كۆڭلى خۇش تۇرىدۇ.

* *

بالا نەپەسىگە نەپەس ئانىلار،
يۈرىكى شەپقەتكە پەۋەس ئانىلار.
ھەددىدىن زىيادە سۆيگۈ تۆپەيلى،
بالىنىڭ بەختىگە قەپەس ئانىلار.



بىرىنىڭ تەلىيى، پۇلغا كۆمۈلمەك،
بىرىنىڭ قىسمىتى، دەردكە چۆمۈلمەك.
ھاياتنىڭ مەزمۇنى ھەر كىمگە ھەر خىل،
بەختنىڭ مەنىسى - سۆيمەك، سۆيۈلمەك.

* *

ئەركەكلەر يىغلىتار، ئەركەك يىغلىماس،
يىغلىغان ئەركەكلەر ئەركەك سانالماس.
ئەركەكلەر قان تۆكمەي ياش تۆكۈشتىمۇ،
ئۇنداق يەر ئۇ ئەلگە ۋەتەن بولالماس.

* *

مىللىتىڭىز زىللەت چەكسە ياىراپ كېتىسىز،
قاپاق تۇرسە خىتاي، ئايلاپ ئويلاپ كېتىسىز.
قۇللۇقنى رەت قىلىپ چىقسا بەزەن خەلقىڭىز،
جەسەتلەرنى شوتا بىلىپ ئۆرلەپ كېتىسىز.

* *

بۇ يەردە قىشى - ياز قانىنىڭ ھىدى بار،
كۈنۈ - تۈن يالماۋۇز ئىنسان مارايدۇ.
تۇلپارلار كىشنىگەن مەيداندا بۈگۈن،
جەسەت يەپ سەمرىگەن ئىتلار قاۋايدۇ.

دۇنيا بۇ يىغلاتقان بار، يىغلىغانمۇ،
يېتىمنى قوغلىغان بار، قوغدىغانمۇ.
ھەققىمىز ئوغۇرلانسا كۆرۈپ تۇرۇپ،
ئۇخلاتقان ئۆزىمىزدىن، ئۇخلىغانمۇ.

*    *

قۇتراپ - قۇتراپ توختاي دېمەيسەن،
بۇ ئىنسانغا يات بىر ھەۋەسقۇ.
كىمنى كۆرسەڭ قاۋاۋېرەمسەن،
كاسكى ئىتمۇ سەندەك ئەمەسقۇ.

*    *

دۇنيانىڭ مەركىزى بىر يەردە ئەمما،
مىڭ يەردىن مەن دېگەن سادا چىقىدۇ.
دۇنياغا زىيان يوق بۇنىڭدىن ھەر كىم،
شۇنداق دەپ كۆڭلىنى مەمنۇن ئېتىدۇ.

*    *

سەۋەپسىز يېقىنلىششنىڭ مەناسى باردۇر،
يېقىنلاشقۇچىنىڭ سەندىن تاماسى باردۇر.
ئېھتيات قىل كۆتكىنىڭگە ئېرىشەلمىسە،
ئۇنىڭ ساڭا بوھتان، ھەتتا بالاسى باردۇر.



بەزىلەرگە ھەر كۈنى پۇل،
بەزىلەرگە شان ئاقىدۇ.
بەزىلەرنىڭ بىر نان ئۈچۈن،
ۋۇجۇدىدىن قان ئاقىدۇ.

*    *

بەزىلەر مىللەتتىن ئېلىپلا كەلدى،
مىللەتنى ئېشەكتەك مىنىپلا كەلدى.
مىللىتى نېمە دەر بىلمەس، ئۆزىنى
مىللەتنىڭ تاجىسى بىلىپلا كەلدى.

*    *

چېلىشتا چېلىشچى - پەھلىۋان تولا،
ئۇرۇشتا بىر كېتىپ قايتمىغان تولا.
قانچىلىك قان ئاقسا ۋەتەندە ئاقتى،
ۋەتەنىنىڭ سىرتىدا «قەھرىمان» تولا.

*    *

كۆچۈم يەتسە بۇ دۇنيانى تەكرار قۇراتتىم،
تاغ - دەريانىڭ يەرلىرىنى ئالماشتۇراتتىم.
دىنىمىزدا ئاللاھ ھارام قىلمىسا ئىدى،
ئۇيغۇرلارنى ئەلا سورتقا چاگلاشتۇراتتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دۇشمەنگە قۇل بولۇۋەرمەڭلار،
دۇشكەلىسە كۈلۈۋەرمەڭلار.
ئاللاھ بىزنى ئېزىز ياراتتى،
خارۇ غاپىل قىلىۋەرمەڭلار.

* *

باشلاردىن كۆپ ئىسسىق - سوغۇق ئۆتۈپ كەتتى،
ياخشىلارمۇ، يامانلارمۇ ئۆلۈپ كەتتى.
ھاياتتىن دەرس ئېلىش نىيىتىمىز يوق،
قېنىمىزغا مەنمەنچىلىك سىڭىپ كەتتى.

* *

جەڭدە غالىپ كەلگەنلەرگە گۈلۈ دەستىلەر،
ۋە ئېچىلار كەلگۈسىگە پارلاق سەھىپىلەر.
مەغلۇپلارغا ھەمرا مەڭگۈ شور پىشانىلىك،
ئارىسىدا بېسىقمايدۇ تاپا - تەنىلەر.

* *

كېچە ئۇچقان شەپەرەڭگە تەقۋا دېيىلمەس،
ھوقۇش كېچە تۈنىگەنگە سوپى بىلىنمەس.
سەن مەيداندا مۇتلەق مەغلۇپ كۆرۈنمىگۈنچە،
دوست بىلىنگەن مۇناپىقلار پەرق ئېتىلمەس.



يوللارنى مەملىكەت كەزگەندىن سورا،
دېڭىزنى كېمىدە ئۈزگەندىن سورا.
مۇسۇلمان دۆلەتتە ھوقۇق تۇتۇشنى،
پۇقرانى تۈگمەندە ئەزگەندىن سورا.

* *

كۆڭۈللەر تەلپۈنەر يېڭىلىقلارغا،
ئارزۇلار يۈكسەككە قاناتلىنىدۇ.
ئىنسان ھېچ نەرسىگە بولمايدۇ رازى،
ئەمما ھەر مۇشكۈلگە ئادەتلىنىدۇ.

* *

شائىر دېمەك - ئالىي تىلەكتۇر،
مىللەت ۋۇجۇت، شائىر يۈرەكتۇر.
ئۇ كېچىدە مەشئەل قوشۇنغا،
ئۇ خەلقىگە ۋىجدان دېمەكتۇر.

* *

ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىشىغا باقسا،
قىلغان ئىشىدىن نەسىۋە ئالسا.
بىئارام بولۇشنىڭ نېمە كېرىكى،
ئۇرۇقنى چاچقانلار ھوسۇلنى ئالسا.

- سىرى نېمە ئېيتقىنا ئانا،
بىزلەر ئۇرۇق، خەنزۇلار سىمىز؟
- يۇرت بىزنىڭ - يۇ، ھوقۇق ئۇلاردا،
شۇڭا بىز خار، خەنزۇلار ئېزىز.

* *

ئەي خەنزۇلار ھەقىقەتنى تونۇپ باقساڭلار،
ۋىجدانىڭلار ساداسىغا قۇلاق سالساڭلار.
بىلەتتىڭلار تەڭسىزلىكنىڭ خورلۇقلىرىنى،
بىر كۈنگىنە ئۇيغۇر بولۇپ ياشاپ باقساڭلار.

* *

خەنزۇ دەيدۇ:
يۇتتۇق سىلەرنى،
ئاستا - ئاستا ھەزىم ئېتىمىز.
ئۇيغۇر دەيدۇ:
بىر كۈن كېلىدۇ،
قارنىڭلارنى بۆسۈپ چىقىمىز.

* *

تىنچ تۇرۇپ ۋەتەن دەيمىز دەيسىلەر،
خىتاي يۇرتنى تىنچ تۇرۇپ ئالدىمۇ.
نېمە ئۈچۈن تۇرمە تولا تارىمدا،
ھۆرلۈك دىگەن بىر ئۇيغۇر ساق قالدىمۇ؟



تىنچ تۇردۇق، خىتاي تىنچ تۇردىمۇ،
يۇرتىمىزنىڭ ھەر تەرىپى مازارغۇ.
تىنچ تۇرغاچ، خىتاي ئۈچۈن يۇرتىمىز،
ئۇيغۇرلارنى ئېلىپ ساتقان بازارغۇ.

* *

ئەجەپمۇ غەيۋەتكە ئۇستىغۇ سىلەر،
زوق ئېلىپ غەيۋەتتىن چارچىمايسىلەر.
غەيۋەتنى قىلىنغان سۆھبەتكە كەلسە،
كۈلۈپ كۆرۈشىسىلەر، قىزارمايسىلەر.

* *

سەھەردىن كەچكىچە ئۇيغۇر سۆكسەن،
ئۇيغۇرنى تىللىماق ساڭا ھەۋەسمۇ؟
مىللەتكە نېمانچە زەھەر قۇسسەن،
ئېيتقىنا سەن ئۆزۈڭ ئۇيغۇر ئەمەسمۇ؟

* *

خەلقىم مېنى چۈشەنمىدى كۆپ،
مەن ئۆلگەندە بىلىپ قالدۇ.
يۈز يىل، ھەتتا بەش يۈز يىل كېيىن،
قەدرىمگە يېتىپ قالدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

زامانلار ياشلىقىمنى يۇتۇپ كەتتى،
ئۆمرۈم ئاقار يۇلتۇزدەك ئۆتۈپ كەتتى.
غايەمنىڭ يولىدا تۆككەن مېھنىتىم،
تارىخقا ئايرىم ئىمزا قويۇپ كەتتى.

* *

كەشپىياتتىن سۆز ئېچىلسا جىمىپ كېتىمەن،
خەق سامادا قانات قاقسا ھەسرەتلىنىمەن.
سەنئەت دېسە دۇنيا ئەھلى ماڭا باقىدۇ،
مۇقامىدىن ھەققەتەن پەخىرلىنىمەن.

* *

قىش باستى تۇركلۇك مەدەنىيىتىنى،
بەش يۈز يىل بىر ئىزدا توڭلاپلا قالدۇق.
ئويغانساق بىز نەدە، دۇنيا قەيەردە،
بىزگە يات دەۋردە گاڭگىراپ قالدۇق.

* *

ياشلىقتا بىرسىنى ياخشى كۆردۇڭمۇ،
سۆيگۈسى ئەقلىڭنى ئەسىر ئالدىمۇ.
توي قىلىپ بىر - ئىككى بالا بولدىمۇ،
ھەممىسى كېتىدۇ، خۇيى قالىدۇ.



بۈيۈك شەھەرلەردە دوست تاپماق قىيىن،
كۈندۈزى شام يېقىپ ئارىغاندىمۇ.
ھەقىقى دوستۇڭدۇر يوقلاپ تۇرغىنى،
ساڭا ئېھتىياجى بولمىغاندىمۇ.

* *

جاھالەت يوقسۇللۇقتىن نەپەس ئالىدۇ،
تارقاقلىق ئۇ نەپەسكە سىل تارتىدۇ.
بۇ خىل مۇھىت ئىچىدە ئاغرىغان مىللەت،
ئەخلاقى - ئەدەپتىن مەھرۇم قالىدۇ.

* *

دۈشمەنلەر ۋەتەندىن ئايرىلغان كۈنى،
يوقسۇللۇق ئەڭ بۈيۈك دۈشمەن بولىدۇ.
ھەر كىمنىڭ توققۇزى تەل بولغاندىلا،
خەلقىمىز ئازادلىق كۆرگەن بولىدۇ.

* *

ھەر كىشى تۇرمۇشتا كۆرگەن دەرس بۇ،
ناۋاتنىڭ لەززىتى چايدا ئەمەسمۇ.
خەقنىڭ زىيىنىدىن خۇشال بولغۇچە،
ئەتەڭدىن قايغۇرساڭ پايدا ئەمەسمۇ.

قۇشلارنى چاقىرساڭ يىراق ئۇچىدۇ،
قەيەرگە دان چاچساڭ شەگە چۈشىدۇ.
ئىنسانمۇ بەئەينى قۇشلارغا ئوخشاش،
مەنپەئەت تارقاتقان يەرگە ئۆتىدۇ.

* *

- ئىلھاملار تولغىقى شېئىر بېرىدۇ،
شېئىرىمنى كۆرستەي ۋاقىت ئالسىمۇ.
مەن بىلەن ئورتاقلاش ھاياجىنىمنى،
- ئۇ شېئىر ھايۋان باغچىسىدىمۇ؟

* *

ياخشىلىق ئەسلىدە خەير ئىشىدۇر،
خەير دەپ گۇناھكار بولىۋەرمىگىن.
بىرىگە بىر قېتىم ياخشىلىق قىلىپ،
يىللارچە تەكرارلاپ سۆزلەۋەرمىگىن.

* *

كۆندۈزلىرى ئىشلىرىم ئېغىر،
ئائىلەمنى ئىشلەپ باقىمەن.
كېچىلەرگە قەرزلىرىم كۆپ،
شېئىرلارنى كېچە يازىمەن.



بىزنىڭچە بۇ دۇنيا بىزگىلا قالسا،
بىزلەردىن ئاشقانىنى باشقىلار ئالسا.
چارچىماي پۇل تاپساق، ئىشلەيسەن دېسە،
ئەڭ ئېغىر ئىشىمىز پۇل ساناش بولسا.

* *

كۆلىدىن كەلگەنلەر بەك پۇل تاپىدۇ،
نېمىشتۇر، بايلىقتا بايلىق قاتىدۇ.
يوقسۇللۇق لەۋھەسى ئۇيغۇرلارغا خاس،
يوقاتسا بېشىغا بالا تاپىدۇ.

* *

بەزىدە خىرسىمىز غالىپ كېلىدۇ،
ھەسەت ۋىجدانىمىزنى كۆر قىلىدۇ.
بىر ساپاق ئۈزۈمنى يېيەلمىدىم دەپ،
بىر باققا ئوت قويساق قانداق بولىدۇ؟

* *

شېئىرى ئىلھام چاقماقتۇر ۋەيا،
يېنىپ ئۆچكەن يالقۇن دېمەكتۇر.
ئىنجىقلاشتىن تۇغۇلغانلىرى،
قايىپەگە سېلىنغان گەپتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئىت بىلەن ئىت تالاشمايدۇ تالاشتۇرمىسا،
قىزغاندۇرۇپ ئوتتۇرىغا سۆڭەك ئاتمىسا.
گۇناھ سۆڭەك ئاتقاندىمۇ، ئاتتۇرغاندىمۇ،
سەزمەك قىيىن سەزدۇرگەندەك ئەقىل بولمىسا.

*     *

دۈشمەنلىرىمىزگە خارلانمىدۇقمۇ،
دوقمۇش - دوقمۇشتا ئالدانمىدۇقمۇ.
نېمىشكە ئۆزئارا چىشلىشىش يەنە،
تۆلىگەن بەدەلدىن دەرس ئالمىدۇقمۇ.

*     *

قۇرۇق شاخقا قونغان قاغىدەك،
مەن نوچى دەپ قاھ - قاھ ئاتامسەن.
يەيدىغىنىڭ گەندە تۇرۇقلۇق،
بۈركۈتلەرنى رەقىپ سانامسەن.

*     *

ئەركىنلىك، ئەركىنلىك دەيمىز ئېغىزدا،
ئەركىنلىك بەدەلسىز ئېرىشىلمەيدۇ.
مىللەت، مىللەتنى كەمسىتكەن تۈزۈم،
قان كۆرمەي ئۆزىچە تىگىشىلمەيدۇ.



ئۆتكەن يىلى يىگەنلىرىڭنى،
بۇ يىلغىچە كۆشەۋېرەمسەن.
قۇلاقلىرىم گاس بولاي دېدى،
سۆزلىگەننى سۆزلەۋېرەمسەن.

*     *

كېچىلىرى، كۈندۈزلىرى شەپقەتلىرىڭدە،
سېنىڭ بىلەن بىرلىشىپتۇ يىگىرمە يىلىم.
بەرگەنلىرىم كۈلپەت، ۋەتەن ھەسرىتى ساڭا،
كەچۈر مېنى، ھاياتىڭنى ياشىتالمىدىم.

*     *

قەسەم ئىچىپ قېتىمىزغا كىرىۋالدى،
ئەسلىدە كىملىكى نەخ بولمىغانلار.
ئوق ئاتماي سېپىمىزنى پارچىلىغان،
ئۆزىمىز ئىچىدە ئۆز بولمىغانلار.

*     *

بەزىلەر بار ھارامدىن كۈچ تېپىۋېرىدۇ،
يولۇققاندىن يولىۋالغاچ مېڭىۋېرىدۇ.
پۇلدىن باشقا قىبلىگاھى يوقتۇر ئۇلارنىڭ،
ۋەدە قىلىپ ۋەدىسىدىن تېنىۋېرىدۇ.

ياشاپ تۇرغان مىللەت بولغاچ بار رەئىسلىكىڭ،
يىلتىزىڭدىن ئۇزاق قالدىڭ شۇمۇ ئۈسكىنىڭ.
ئەزرائىلنىڭ قىلىچى ئۇ، سەن تۇتقان قەلەم،
ئۆز خەلقىڭنىڭ كۆز يېشىغۇ چاي دەپ ئىچكىنىڭ.

* *

- بالام ئەجەپ توپىلا دەيدۇ، شورى قۇرسۇن،
- توپ ئالايلى بالا كۆڭلى يېرىم بولمىسۇن.
سەن بىلەمسەن يەر شارىمۇ توپتەك دۈگىلەك،
- ئۇنداق بولسا توپ ئالمايلى، ئۇنى ئوينىسۇن.

* *

- يۇسۇپجاننى يوۋاش بالا دەپ يۈرەتتۇق،
سوجاڭ بولدى ئەزرائىلدەك كۆرۈنىدۇ.
- «ھۆكۈزلەرنى ھۆكىرەتكەن ئىككى تاشاق»،
ئەمىلدىن ئايرىلدىمۇ تۈزۈلدۇ.

* *

سودىدا ئاجايىپ پۇل تاپقانلار بار،
پۇل بىلەن تاغنى تاققا قاتقانلار بار.
پوشت، دەڭلا قىلنى قىرىق يارغانلارنى،
بازاردا شەيتان ئېلىپ ساتقانلار بار.



مەقسىتىمىز يۇرت - مەلىگە ئېگىز كۆرۈنمەك،
مەڭزىمىزگە كاچاتلاپلا سىپىمىز كۆرۈنمەك.
تويدىن كېيىن يەيدىغان يوق، تويلار شاھانە،
شۆھرەت دەڭلا! پۇل خەجلەشتە تەڭسىز كۆرۈنمەك.

* *

ھەركىم ئۆز ھەددىنى بىلىشى لازىم،
بىلمەيدۇ تۇتامى بولمىغان زاتلار.
ئالىملار ئىلىمگە شىلتىڭ ئاتىدۇ،
ئۆزىچە بىچارە چالا ساۋاتلار.

* *

كۈن ئالماق دۇنيانىڭ ھەر يېرىدە تەس،
ھېچ كىشى بىكارغا نان بېرەي دېمەس.
«ئىشلىگەن چىشلەيدۇ» دەيدۇ كونىلار،
ئىشلىگەن ھېچقانداق يەردە خار ئەمەس.

* *

سېخى يايغان دەستىخاننىڭ بەركىتى تولا،
مومايلارنىڭ نەۋرىلەرگە شەپقىتى تولا.
ئىشى يوقنىڭ زامانى كۆپ، چوپقىتى تولا،
كەمبەغەلنىڭ باي دوستىغا مەسلىكى تولا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تىجارەتتە ئىشەنگەننى يەرگە قاراتتۇق،
قىزغىنىشتۇق، قىزغىنىشتا رېكورت ياراتتۇق.
قۇچقاچچىلىك ئەقلىمىز بار ھەممىسى ھىلە،
بىز، بىزلەرگە ھىلە قىلىپ شۇ كۈنگە قالدۇق.

*　　　*

ئۆتىمىز ئاچچىقلىنىپ، ئاچچىقلىتىپ،
ئىنسانغا ئاچچىقلار ئازاب بېرىدۇ.
ئاچچىقنى يۇتتۇرغان چىقسا پۇخادىن،
يوتقاننىڭ قەلبىنى يارا قىلىدۇ.

*　　　*

باغچىلار ئېچىلماس چىمىسىز، چىمەنسىز،
ئۆي ئىچى بېزەلمەس كىگىز - گىلەمسىز.
مىجەزى كېلىشكەن ئەر - خوتۇنلارنىڭ،
كۆڭلىرى بەختلىك، بالىلىرى غەمسىز.

*　　　*

خۇدايىم پۇل بەرسە بەندە ياق دېمەس،
بايلىقنىڭ مېھرىنى بايلار سۆزلىمەس.
پۇل ئۈچۈن جان تىكىپ ئىشلەگلار، لېكىن
پۇل دېگەن ئەخلاقنىڭ ئۆلچىمى ئەمەس.



زىكرى ئېيتىپ ئەۋلىيادەك بولىۋېلىپلا،
نەدىن كەلسە دۇئا قىلىپ ئېلىۋېلىپلا.
ھېچبىر نەرسە كۆرمىگەندەك تۇرۇۋالسەن،
پاقا چىۋىن يۇتقىنىدەك يۇتۇۋېلىپلا.

*　　　*

ئۆزۈڭنى خار قىلغۇچە كۈچۈڭنى خار قىل،
يوقسۇللۇق جىنايەتنىڭ مەنبەسى بىلسەڭ.
خۇدايىم ئىشلىگەنگە بېرىدۇ دوستۇم،
ھالال تەر بەرىكەتنىڭ قەلئەسى بىلسەڭ.

*　　　*

ئۆلار ئاجىز قالغاندا گويا،
قوللىرىڭدا ساڭا يەلپۈگۈچ.
كۈچلەندىمۇ بېشىڭ نىشاندا،
ئۆزى جاللات، قولدا قېلىچ.

*　　　*

مۇسۇلمان دېگەنلەردە ئىمان بولمىسا،
ۋەتەنپەرۋەر كۆرۈنگەندە ۋىجدان بولمىسا.
نېمە مەنا ئەكسەتتۇرەر كاستۇم - بۇرۇلكا،
ئىچىدىكى ئاڭا لايىق ئىنسان بولمىسا.

يۇرت دېگەن مانا قازانماس،
خەلقۇ ـ مىللەت بولمىسا.
غايە ئەسلا بوش پاراڭدۇر،
كۈچ ۋە قۇۋۋەت بولمىسا.

* *

ئاللاھىم، قەلبىمنى بىر سەن چۈشىنىسەن،
ئۇيغۇرغا خاس، ماڭا مىڭ يىل ئۆمۈر بەرسەڭ.
سەن ياراتقان ئۇيغۇرلارنى ئارزۇلايمەن،
پادىلارنى ماڭا ئۇيغۇر كۆرسەتمىسەڭ!

* *

تاغلاردا ياشنايدۇ رەڭگارەڭ چېچەك،
قۇياشتىن، زېمىندىن ئوزۇق ئالىدۇ.
مىللىتىم قەدىرلەڭ سەنئەتچىگىزنى،
سەنئەتنىڭ تەقدىرى سىزگە باقىدۇ.

* *

يېزىشىم پۇخادىن چىقىشتا ئەمەس،
ھەقىقەت مىسرالارغا سىڭىپ كەتسۇن.
يولچى بىز، كۆرشىمىز داۋام ئېتەر،
ھۆججەت بۇ ئەۋلادلىرىم ئوقۇپ ئۆتسۇن.



ۋەتەنگە جان بەرگەنلەردىن خەۋرىم بار،
مەنمۇ بەردىم ھاياتىمنى، ئەجرىم بار.
ھىجرەتتە قالدىم، ئەگەر ئۆلۈپ كەتسەم،
ۋەتىنىمدىن بىر گۆرلۈك يەر تەلىپىم بار.

* *

قەھرىمانىنىڭ ئىرادىسى
دۇنيانى تېز چۆكتۈرىدۇ.
ئەمما ئاشىق قەھرىماننى،
ئايىغىغا چۆكتۈرىدۇ.

* *

ئۆزلىرىنى كاتتا بىلگەنلەر،
ئەسلى ئۇلار بىچارىلەردۇر.
ئىگىلىدۇ مېۋىلىك دەرەخ،
كەمتەر كەلگەن بىلىملىكلەردۇر.

* *

ماختانچاقلار ماختانچاقتا ئوخشمايدۇ،
ماختانچاقلار ماختانچاقنى ماختىمايدۇ.
ماختانچاقلار ماختىنىشتىن توختىمايدۇ،
ماختانچاقنى ماختاپ قويساڭ ئۇخلىمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياخشىسى ياخشىلىق قىل ياخشىلارغا،
ياخشىلىق ياخشىلارغا يارىشىدۇ.
يوقسۇلنى يوقلاپتۇرۇش ياخشىلىقتۇر،
ياخشىلىق ياخشىلارنى ياشنىتىدۇ.

* *

ئېغىر كۈنلەر ئۆتتى باشتىن ئېغىرچىلىقتا،
ئېغىر كەلدى ماڭا بۇنچە ئېغىرچىلىقلار.
ئېغىرلىقنى يەڭمەك ئۈچۈن ئېغىرلىقىمنى،
قويغۇنىمدا يەڭگىللەشتى ئېغىرچىلىقلار.

* *

يۇرتىمىزدا تىرىكلەر بار، ئۆلۈك ياشايدۇ،
ئۆلۈكلەر بار، ئارىمىزدا تىرىك ياشايدۇ.

* *

ئۆزلىكىدىن كەلمەس بىزگە تىنچلىق،
تىنچلىقنى ئىزدىمىسەك قېلىنچلىق.

* *

كۆڭۈل مەھرۇم بولسا ئەقلىدىن،
نىمە پەرقى ئۇنىڭ ئېغىلدىن.



بايلارنىڭ بايلىقتا تاماسى كۆپتۇر،
يوقسۇلنىڭ ئاللاھقا دۇئاسى كۆپتۇر.

* *

قورالسىزلىق، ھوقۇقسىزلىق، تەختىسىزلىك،
بۇدۇر مىللەتكە ئەڭ بۈيۈك بەختسىزلىك.

* *

بەزى باشلارنىڭ قاپاقتىن بىر ئاز پەرقى بار،
بەزى باشلارنىڭ مىليون باشقا تەڭ ئەقلى بار.

* *

نادان ئادەم سانى يوق بىر نۆلگە باراۋەر،
دىنسىز ئادەم ھۇسۇلسىز بىر چۆلگە باراۋەر.

* *

ئويلىغانلار ئويلا - ئويلا ئەنسىز ياشايدۇ،
ئويلىمىغان كۆشە - كۆشە غەمسىز ياشايدۇ.

* *

قىلالىسام مېنى سەندەك ئېسىل قىلمەن،
قىلالمىسام سېنى مەندەك رەزىل قىلمەن.

ۋىجدانى تۆپەيلى ۋىجدانلىقلار تۇرمىدە ياتىدۇ،
ىزدە ۋىجدانلىقلارنى ۋىجدانسىزلار ئېلىپ ساتىدۇ.

* *

شەرقتە زالىم خەلقنى پالاكەتكە پاتۇرىدۇ،
شەھەر، شەھەردە خەلقى زالىمغا ھەيكەل قاتۇرىدۇ.

* *

بەزى ئىنسانلار بار تارىخ يارىتىدۇ،
بەزىسى تارىخنى يەرگە قارىتىدۇ.

* *

تومۇرلاردا قان، بۇلاقلاردا سۇ،
قازاندا نىمە چۆمۈچلەردە شۇ.

* *

دالانى كېزىدۇ شامال، كۆرگەننى سالاملايدۇ،
بېشىنى لىڭشىتار شەمشات، قومۇشلار ئىغاڭلايدۇ.

* *

مىڭ ۋاپاغا مىڭ جاپا ھەر يەردە بار،
مىڭ ۋاپاغا بىر ۋاپا بىر يەردە بار.



ئىستەك باشقا، خىيال باشقا، تىلەك باشقا،
ئەقىل باشقا، ۋىجدان باشقا، يۈرەك باشقا.

* *

بوش يۈرەكتىن يەرگە ئۈرۈق تەرگەن ياخشىدۇر،
تىلىمەكتىن تىلىگەنگە بەرگەن ياخشىدۇر.

* *

شېئىر ئوقۇپ يېزىلىشى ئاسانكەن دىمەڭ،
ھەر شېئىرنىڭ يارىلىشى بىر تۇغۇتقا تەڭ.

* *

بەزەن ساڭا چېنىمنىمۇ بەرگۈم كېلىدۇ،
بەزىدە شور تۇمشۇغۇڭنى ئەزگۈم كېلىدۇ.

* *

نۇرلۇق يۇزۇم، قۇندۇز چېچىم، ساغلىقىم نەدە؟
تاشلاپ كەتمەك قۇلاي ئەمما، ياشلىقىم نەدە؟

* *

خىيانەت بولمىغان يەردە ساداقەت بار كېلىڭ دوستلار!
قانائەت بولمىغان يەردە كامالەت بار بىلىڭ دوستلار!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەقىللىق ئەقىلسىزغا ئىچىنىدۇ،
ئەقىلسىز ئەقىللىقتىن سىقىلىدۇ.

* *

سىنىڭ ئىشقىڭغۇ ئىچ - ئىچىمنى پىژىلدىتىدۇ،
ئاناڭنىڭ ئاۋازى قەلبىمنى جىغىلدىتىدۇ.

* *

يىلقىلار ئۈركۈپ - ئۈركۈپ ئارقانغا چۈشىدۇ،
قورقاقلار قېچىپ - قېچىپ قاپقانغا چۈشىدۇ.

* *

قورقۇنچاقلىق غورۇرى يوق قولدا كۆرۈنىدۇ،
قورقۇنچاق كۆزۈمگە تىرىك مۇردا كۆرۈنىدۇ.

* *

سېمىزلەرنى سەمرىتكەنلەر ئورۇق قالىدۇ،
سېمىزلەردىن ئۈمىد كۈتۈپ قۇرۇق قالىدۇ.

* *

نادان ئەللەر ئەسلىتىدۇ يادا نەسلىنى،
نە تونۇيدۇ دۈشمىنىنى، نە دوستلىرىنى.



تۆمۈرچى تۆمۈر بىلەن تۆمۈرنى ئېزىدۇ،
خىتايلار ئۇيغۇر بىلەن ئۇيغۇرنى ئېزىدۇ.

* *

مەن دۈشمەندىن سېنى قوغدىدىم،
سەندىن ئەمما مېنى قوغدىدىم.

* *

تاغ - داللار سۇ بولمىسا قۇرۇپ قالىدۇ،
سۆيگۈ بەزەن پۇلسىزلىقتىن سولۇپ قالىدۇ.

* *

لەۋ بىلەن لەۋنىڭ ئۇچرىشىشى بەختتىن ئىشارەتتۇر،
تىغ بىلەن تىغنىڭ ئۇچرىشىشى ئۆلۈمدىن بېشارەتتۇر.

* *

زەھەر يىلاندا قالسا ئىنسانغا تەھدىت يارىتىدۇ،
يىلاندىن ئېلىنىدىمۇ پايدىلىق دورا يارىلىدۇ.

* *

شەپقەتكە تايانغان كۈچلۈكلەر كۈچ قازىنىدۇ،
تەستەككە تايانغان كۈچلۈكلەر ئۆچ قازىنىدۇ.

ۇلبۇلنىڭ ئاۋازى قۇلاققا خۇش،
اغىنىڭ ئاۋازى قۇلاققا مۇش.

* *

غەم ئىنسانغا ئازاب بېرىدۇ،
ئىنسان غەمگە ئوزۇق بېرىدۇ.

* *

يۇلتۇزلارنىڭ سانى كۆرمىڭ ئەمما نۇرى يوق،
قۇياش يالغۇز نۇرى بىلەن دۇنيا يوپيورۇق.

* *

چوققا - قىيانى ھاڭلار، جىلغىلار ئوراپ تۇرىدۇ،
چوققىدىكىلەرنى ھەر ئان خەۋپ ماراپ تۇرىدۇ.

* *

ياشاش ئۈچۈن ياشىغانلار ئۆمۈرلۈك ياشايدۇ،
ياشىتىش ئۈچۈن ياشىغانلار مەڭگۈلۈك ياشايدۇ.

* *

ختايلار ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتىدا ئۇيغۇرلارغا تېتىپ تۇرىدۇ،
ئۇيغۇرلار بىر - بىرىنىڭ ئەيىبىنى خىتايغا ئېچىپ تۇرىدۇ.



قايسى كۈنى خىتايلارغا مالاي قالدىڭىز،
يۇرتىڭىزدا ھوقۇقسىز ۋە گاداي قالدىڭىز.

* *

مىللىتىڭنى ساتقانلارنى سوراق قىل،
ساتقىنلارنى بۇ دۇنيادىن ئۇزاق قىل.

* *

ئەزمەكتە مىللىتىم ئىزىلگەنسېرى،
بۆلمەكتە ئۆزئارا بۆلۈنگەنسېرى.
ئازالدى ئۇيغۇرلار، كۆپەيدى قەبرە،
ياتلارغا يۇرتىدا ئىگىلىگەنسېرى.

* *

چىشلىشىشتىن چارچىمىدى ئەدىبلىرىمىز،
گۇرۇھ - گۇرۇھ چىچىلماقتا بىلىم ئەھلىمىز.
بىر نان ئۈچۈن تەگرىتاغنى سېتىپ يېگەن بار،
يولدا يولۋاس گۆشكە تەشنا، غەمسىز نەسلىمىز.

* *

خانۇ ۋەيران قىلدى ياتلار ۋەتەننى،
كۆللەرنى ۋە دەريالارنى قۇرۇتتى.
سەپ بۇزۇلدى، بۇزدى مىللى بىرلىكنى،
يۈرەكلەرنى يۈرەكلەردىن سوغۇتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مىللىتىم بەك ئۇزۇن غەپلەتتە قالدىڭ،
غەپلىتىڭ تۈپەيلى تۆھمەتكە قالدىڭ.
شەپقەتكە ئۇسسىغان خەلق تورۇقلۇق،
تۈگۈمەس ئىنتىقام - نەپرەتكە قالدىڭ.

* *

چۇيداڭغۇنىڭ قانخۇمارلىرى،
قېنىمىزنى ئىچتىڭ قانغۇچە.
سەنلەر بىلەن ھېساپلىشىمىز،
ئاخىرقى بىر ئۇيغۇر قالغۇچە.

* *

ئۆلۈمۈمنى تىلەيسىلەر، كۈلۈپ كېتىمەن،
ئۆلۈسىلەر سىلەر، مەنمۇ ئۆلۈپ كېتىمەن.
سىلەر ئۈچۈن يوق بولۇشتۇر ئۆلمەك،
ئەمما مەن
مىللىتىمنىڭ ھاياتىغا كۆچۈپ كېتىمەن.

* *

ئاسمان قىزىل، كۆللەر قىزىل، يەر قىزىل،
كۆلەڭگۈلەر بوغۇشىدۇ دەرمانسىز.
ئىشسىزلىقتىن شىكايەتچى ئەزرائىل،
نېمە ئۈچۈن بۇ مەملىكەت ئىنسانسىز؟



ئادەملەر ئىچىدە ئادەم ئاختۇرۇپ،
چارچىماي، ئادەملەر بىلەن ئىناق بول.
كېچىدە كېچىنى قاغاۋېرىشتىن،
كېچىنى يورۇتقان بىرتال چىراق بول.

* *

قۇزىلاردىن شىكايەتچى بۆرىلەر،
قۇزىلارمۇ بۆرىلەرنى يەيدىغان.
مەنتىق بىلەن ھېساپلاشماي، دۇنيادا،
خىتايلا بار بۇنداق گەپنى دەيدىغان.

* *

ئىمان بىلەن قورقاقلىق،
بىر يۈرەككە سىغمايدۇ.
قورقاق قورقار كاپىردىن،
بىر ئاللاھتىن قورقمايدۇ.

* *

خامىليونلار ئۆزلىرىنى رەڭدار سانايدۇ،
تەبىئەتتە رەڭدىن - رەڭگە كىرگىنى ئۈچۈن.
مۇناپىقلار ئۆزلىرىنى ھۇشيار سانايدۇ،
جان بېقىشنىڭ يوللىرىنى بىلگىنى ئۈچۈن.

بالىلىقتا خىياللار،
كېلەچەككە ئۈندەيدۇ.
ياشانغاندا خىياللار،
بالىلىقنى ئەسلەيدۇ.

*　　　*

ئەقىل ئۇيلا، پەم قىلغىن،
مىللىتىڭنى جەم قىلغىن.
جەم بولمىغان مىللەتنىڭ،
ھاياتىدىن غەم قىلغىن.

*　　　*

ھاياتىڭنىڭ جەريانلىرى بەختسىزلىك،
ئۆز ئۆزىڭدىن سەۋەبىنى سورىدىڭمۇ؟
سەندەك ئۇيغۇر يارالغان كۆپ بەختسىز بار،
بەخت قانداق تېپىلىدۇ ئۇيلىدىڭمۇ؟

*　　　*

پۇلدارنى پۇللىرى مەمنۇن ئېتىدۇ،
يوقسۇل ـزە، غەم يەيدۇ، ھەسرەت چېكىدۇ.
دۇنيانىڭ مەنتىقى شۇدۇر، ئۇيغىنىڭ،
كۈچلۈكلەر ئاجىزنى ئېزىپ كېتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ھەرنەرسىنىڭ بىر قەدرى بار،
ھەر مېيىتنىڭ بىر قەبرى بار.
كۆڭۈللەرنىڭ كېچىسى كەبى،
ھەر سۆيگۈنىڭ بىر بەدىلى بار.

*　　*

دۆلىتى يوقالغان خەلقلەر،
ھاياتتا كۆپ بەدەل تۆلەيدۇ.
تىلىنى، دىنىنى يوقاتقان
مىللەتلەر دۇنيادا تۈگەيدۇ.

*　　*

خەلقىمىزدە ئىجاتكار ئاز، كەسپىسىز تولا،
نەگە باقساڭ ئاچ ۋە ئىشسىز، بەختسىز تولا.
يىگىتلەر كەم، مەنمەنچى كۆپ بىلىم ئەھلىدە،
جان تالاشقان كۆرمىڭ ئەمما، تىنۋىشسىز تولا.

ئورۇمچىدە زاۋۇت تولا،
زاۋۇتلار —
خەنزۇلاردىن باشقىلارغا يەتمەيدۇ.
ئويلاڭلار! ئەي ئىشسىز قالغان ئۇيغۇرلار،
يۇرتۇڭلاردا سىلەرنى كىم يەكلەيدۇ؟

بۇۋاڭ ئۆلدى، داداڭ ئۆلدى، سەن تۇتقۇن،
جاللات ساڭا يىقىنلاشتى كۆرمەمسەن؟!
ئۆز يۇرتۇڭدا خارلانغۇچە ھايۋاندەك،
ئۆلتۈرگەننى ئۆلتۈرۈپلا ئۆلمەمسەن!

* *

بىزگە دۇنيا ئەللىرىدىن دۈشمەن، رەقىب يوق،
جۇڭگو بىلەن خوشنا بولساق ئاندىن خەۋپ يوق.
ئۇزاق تارىخ، ئەجداتلاردىن بىزگە ساۋاق بار،
يۇرتىمىزدا خىتاي بولسا بىزگە بەخت يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

جاھالەت سەھەرەسىدىن بىزگە بىركۈن كۆپ جاپا باردۇر،
ئېيتىڭىزچۇ، بۈگۈنكى ھالىمىزنىڭ قايسى بىرىدە ساپا باردۇر.

زامانىنىڭ ھالىدىن ۋاقىپ بولۇپ تۇرماقنىڭ ئورنىغا،
بىرىنى شاگىۋ سايلاپ ئارقىسىدىن دەۋايىمىز باردۇر.

ئىلمىنىڭ ئىجتىھادىغا كۆڭۈلنى قويمىدۇق بىزلەر،
ئوقۇرسىز - ئوقۇتۇرمىز سېغىز چايناشىمىز باردۇر.

تەئاۋۇنۇ - تەناسۇر ئورنىغا بىزلەردە بىر ئادەت،
يېڭى باشنى كۆتەرگەننى ئۇرۇپ يىققانىمىز باردۇر.

يەنە يۇرت پايدىسىغا جەمئى بولماقلىق بەسى مۇشكۇل،
ئەگەر بىر يەردە توي بولسا، بېرىپ ياتقانىمىز باردۇر.

ئومۇمنىڭ پايدىسىغا يۈز يىلدا ئەسلا چۈشەنمەيمىز،
زىيان قىلماق ئۈچۈن بولسا، ئەجەب چاققانىمىز باردۇر.

بىرى بىر ياخشىلىق قىلسا، ئۇنىڭ يادىنى قىلماق يوق،
ئېپى كەلسە بېرىپ ئەۋرەتلىرىن ئاچقانىمىز باردۇر.

ئەگەر مىللەت ئۈچۈن بىر پۇل چىقىش كەلسە تاپالمايمىز،
چىقىمى يوق ناۋا يولغا تولا ئىخلاسىمىز باردۇر.

قىزىل كۆزلۈك، كۆرەلمەسلىك ۋە يا ئۆزى قىلالماسلىق،
قىلاي دەپ بەل باغلىغانلارغا تۈرلۈك تۆھمەن بۆھتانىمىز باردۇر.

- ئابدۇلخالىق ئۇيغۇر